www·islamyoli·net

# مۆمىنلەرنىڭ تۇنجى ئانىسى خۇۋەيلىدنىڭ قىزى
# خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا

ئىلاۋە: مەيلى ئۇيغۇر مەتبۇئاتىدا، مەيلى ئۇيغۇر تور بەتلىرىدە بولغىنىغا قەدەر ئىسلام تارىخىدا غازاتلارغا قاتنىشىپ، شانلىق سەھىپىلەرنى قالدۇرغان ئايال ساھابىلەر، بولۇپمۇ مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى — پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى ھەققىدە ھېچ قانداق ئەسەر ئېلان قىلىنمىدى. ھالبۇكى، بىز مۇسۇلمانلار تارىخنى ئۆگىنىپ، ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك ساھابىلەر پەقەت ئەر ساھابىلەرلا ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايال ساھابىلەرمۇ كۆپ ئىدى. جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى قېتىم ئىمان كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمان بولغان كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇنجى ئايالى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىدى. ئىسلام تارىخىنىڭ باشلانغۇچ يىللىرىدا، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ زۇلمى ئاستىدا تۇنجى قېتىم شەھىد بولغان كىشى ئايال ساھابە — سۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىدى.

بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتى بىلەن تور بېتىمىزدە، مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى — پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىدىن باشلاپ بىر بۆلۈك ئايال ساھابىلەرنىڭ ھايات ھېكايىلىرىنى تونۇشتۇرماقچىمىز.

**ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ ماڭا ئاتا قىلغان رەپىقىلىرىم ئارىسىدا ئۇ ئەڭ ياخشىسى ئىدى. پۈتكۈل ئىنسانلار مېنى ئىنكار قىلىشقىنىدا يالغۇز ئۇلا ماڭا ئىشەندى، ئىنسانلار مېنى يالغانغا چىقارغىنىدا ئۇ مېنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىدى، ئىنسانلار مېنى يەكلىگەن چاغدا ئۇ ماڭا مال مۈلكى بىلەن يار يۆلەك بولدى، ئاللاھ ماڭا باشقا رەپىقىلىرىمدىن ئەمەس پەقەت ئۇنىڭدىنلا پەرزەنت ئاتا قىلدى.**

**— ھەدىس شەرىپتىن**

خەدىجە جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەتتاھىرە (پاك) دەپ ئاتىلاتتى. ئىككى قېتىم ياتلىق بولغان بولۇپ، ھەر ئىككى ئېرى ئېسىلزادە ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەرەبلەردىن ئىدى. بىرىنىڭ ئىسمى ھىندى ئىبنى نەبباش ئىبنى زۇرارە (ئەبۇ ھالە) بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھالە ۋە ھىندى ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. ئەبۇ ھالەدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاتىق ئىبنى ئابىد ئەل مەخزۇمىغا ياتلىق بولغان ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ھىندى ئىسىملىك بىر قىزى دۇنياغا كەلگەن. خەدىجەنىڭ دادىسى خۇۋەيلىد ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززا قەۋمى ئارىسىدا ناھايىتى ئىناۋەتلىك بىر كىشى ئىدى. خەدىجە ئۇممۇ ھىندى (ھىندىنىڭ ئانىسى) دەپ ئاتىلاتتى. خەدىجە، ئايرىيلۇق، ئالىي نەسەبلىك ۋە باي بىر ئايال ئىدى. شامغا (سۈرىيەگە) قاتناپ تۇ رىدىغان بىر كارۋىنى بولۇپ، ئۇنىڭ تىجارەت كارۋىنىمۇ قۇرەيشلەرنىڭ باشقا كارۋانلىرىدىن قىلچە قېلىشمايتتى. خەدىجىمۇ كارۋىنىغا

خىزمەتچىلەرنى ياللاپ ئىشلىتەتتى، سەرمايىنى ئۇ چىقارسا، خىزمەتچىلەر جىسمانى جەھەتتىن كۈچ چىقىراتتى. مەككىدە ئەل ئەمىندىن باشقا ئىسمى بولمىغان مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمەتتەلىب (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى) 25 ياشقا تولغان چاغلىرىدا، خەدىچە چاكىرى مەيسەرە بىلەن بىللەن ئۆزىنىڭ تىجارەت كارۋىنىغا قوشۇلۇپ سۇرىيەگە بېرىپ كېلىشنى خالاپ – خالىمايدىغانلىقىنى سوراش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئەبۇ تالىب جىيەن ئوغلى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) كە:

— قەدىرلىك جىيەن ئوغلۇم، ساڭمۇ مەلۇم، مەن پۇل – مېلى يوق بىر ئادەممەن، زاماننىڭ تارلىقى ۋە تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقى مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، شۇڭا بىزنىڭ نە پۇل – مېلىمىز، نە كارۋىنىمىز يوق. ماڭا قارا ئوغلۇم، تىجارەت كارۋانلىرى سۇرىيەگە قاراپ يولغا چىقىشقا ھازىرلىنىۋاتىدۇ.

خەدىچە كارۋىنىدىكى ماللار بىلەن بىرگە بەزى كىشىلەرنى ئەۋەتمەكچىكەنتۇق، بۇ كارۋانغا قېتىلغۇچىلار ناھايىتى كۆپ پايدىغا ئېرىشەرمىش. ئەگەر سەن خەدىچىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزەڭنى مەلۇم قىلساڭ، ئىشەنچىلىك ۋە ئۇبارسىز بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە باشقىلاردىنمۇ كۆرە سېنى ئەۋەتىدۇ. كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، سېنىڭ شامغا بېرىشىڭنى ھەرگىزمۇ خالىمايمەن. چۈنكى يەھۇدىلارنىڭ ساڭا زىيان – زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن تولىمۇ ئەنسىرەيمەن. ئاڭلىشىمچە خەدىچە 2 ئەركەك تۆگە ھەق بېرىپ بىرىنى ياللىغانمىش، بىز سېنىڭ ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلىشىغا ھەرگىزمۇ رازى ئەمەسمىز.

خەدىچە مۇھەممەد (ئەلەيھىسسام) كە مۇنداق دەپ خەۋەر يوللىدى:

— ساڭا، قەۋمىڭگە بەرگىنىمدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق بېرىمەن.

دەرۋەقە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەدىچىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، شامنىڭ «بۇسرا يەرمەنكىسى» گە قاراپ ئاتلاندى. شامغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، «راھىب نېستۇرانى» نىڭ ماناستېرىغا يېقىن بىر دەرەخنىڭ تېگىگە چۈشكۈن قىلدى. نېستۇرا خەدىچىنىڭ چاكىرى مەيسەرەدىن:

— ئاۋۇ ياغاچىنىڭ تېگىگە چۈشكۈن قىلغان كىشى كىم بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. مەيسەرە: — ئۇ، قۇرەيش ۋە ھەرەم (مەككە) خەلقلىرىدىن بولىدۇ، دېدى. نېستۇرا:

— بۇ ياغاچىنىڭ تۈۋىگە ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر ئاياغ ئىزى قىلىپ باقمىغان، دېدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ بارغان ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن، پۇلغا باشقا مال ئېلىپ، خەدىچىگە يوللىدى. خەدىچە بۇ قېتىم، بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئىككى قات ئارتۇق پايدا ئالدى.

كاۋران مەككىگە قايتىشدا، يولدا چىڭقى چۈش مەزگىلىدە مەيسەرە، پېژغىرىم ئىسسىقتا تۆگىسىگە مىنىپ كېتىۋاتقان ئىككى پەرىشتىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۈننىڭ قاتتىق ھارارىتىدىن ساقلاپ سايە چۈشۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

كاۋران مەككىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەدىجە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرمەكچى بولغىنىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق بېرىدۇ. مەيسەرە خەدىجىگە راھىب نېستۇرانىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن يولدا ئىككى پەرىشتىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سايە چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكىنى تولۇق ئېيتىپ بېرىدۇ . دەل شۇ چاغدا، خەدىجە، مەككىلىك خېنىملارنىڭ رەجەب ئېيىدا، بىر بايرىمىنى تەبرىكلەش جەريانىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىگە ئالىدۇ. ئۇ كۈنى، بايرامنى تەبرىكلەشتە ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك پائالىيەتلەرنىڭ بىرسىمۇ كەم قالمىغانىدى. ئادەم سىياقىدا ياسالغان بىر بۇتنىڭ يېنىدا ئىبادەت قىلىۋاتقىنىدا، بىرەيلەن ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:
— ئى ئاياللار! بىلىڭلاركى، يېقىندا يۇرتۇڭلاردىن «ئەھمەد» ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر كېلىدۇ. قايسى ئايال ئۇنىڭ رەپىقىسى بولۇشقا كۈچى يەتسە شۇنداق قىلسۇن! دېگەندە، مەككىلىك خېنىملار ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ  دەشنام بېرىشكەن ۋە ئېغىزدىن چىققۇسىز ئېغىر تىللار بىلەن قاتتىق ھاقارەتلەشكەنىدى. خەدىجە بولسا ئۇنىڭغا ھېچ نېمە دېمىگەن ۋە باشقا ئاياللارنىڭ قىلغىنىنىمۇ قىلمىغانىدى.

***

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قوي ئەۋەتكەنىدى، قويلار كۆپەيدى. كېيىنچە ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا تۆگىلىرى بار بولدى ۋە باشقىلار بىلەن شېرىك ئوقەت قىلىشقا باشلىدى. بۇ تۆگىلەرنى شېرىكى بىلەن كېڭىشىپ خەدىجىنىڭ سىڭلىسىغا ئىجارىگە بېرىشتى. سەپەرگە ئاتلىنىدىغان چاغدا خەدىجىنىڭ سىڭلىسىدا بىرئاز ئېلىشلىرى بار ئىدى. شېرىكى ئېلىشلىرىنى ئىستەيتتى. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا:
— سەنمۇ بىرگە بارغىن، دەيتتى. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) مۇنداق دەيتتى:
— سەن بار، مەن بارماي، چۈنكى مەن بېرىشتىن ئۇيىلىدىكەنمەن.
مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ شېرىكى خەدىجىنىڭ سىڭلىسىنىڭ قېشىغا كېلىشىگىلا ئۇ:
— مۇھەممەد قېنى؟ ئۇ نېمە دەپ سەن بىلەن بىللە كەلمىدى؟ دەپ سورىدى.
شېرىك:
— مەنمۇ بىللە كېلەيلى دېسەم، ئۇ ئۇيىلىدىكەنمەن دەپ كەلگىلى ئۇنىمىدى، دېدى.
خەدىجىنىڭ سىڭلىسى:
— ئۇنىڭدىنمۇ ھايالىق، ئىپپەتلىك ۋە نومۇسچان كىشىنى ھېچ كۆرۈپ باقمىدىم، دېدى.
خەدىجە، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا ئۇ سىرداش دوستى مۇنيەنىڭ قىزى نەفىسەنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر ھازا سىرداشقاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) كە ياتلىق بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن  مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. نەفىسە مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ يېنىغا بېرىپ:

— سەن نېمىشقا بۇ دۇنيادىن ئۆزەڭنى تارتىپ، ياشلىق باھارىڭنى نابۇت قىلىسەن؟ سېنى چىن – دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغان، كۆڭلۈڭنى يايرىتىپ، سېنى يالغۇزلۇقتىن خالاس قىلىدىغان بىر جۈپتۈڭ بولسا سەنچە قانداق؟ دېدى. مۇھەممەد ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ ئۆيلەنگۈدەك مال – بىساتىم بولمىسا، دېدى. نەفىسە:

— گۈزەللىككە، مال – مۈلۈككە، شان – شەرەپكە ۋە تەڭتۈشلۈككە دەۋەت قىلىنساڭمۇ قوبۇل قىلماسسەنمۇ؟ دەپ سورىدى. ئارقىدىنلا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ مۇنداق دېدى:

— خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە تاغىسى ئەمر ئىبنى ئەسەدكە ساڭا ياتلىق بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى، ساڭا دەيدىغىنىمۇ شۇ: ئى تاغامنىڭ ئوغلى! سېنى ساداقىتىڭ، خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتىڭ، شەرىپىڭ، ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىڭ، گۈزەل ئەخلاقىڭ ۋە توغرا سۆزلۈك بولۇشۇڭدەك ئالاھىدىلىكلىرىڭ سەۋەبلىك ساڭا ياتلىق بولۇشنى چىن – دىلىمدىن ئارزۇ قىلىمەن. خەدىچە ئۇ چاغلاردا، قۇرەيشلىك خېنىملار ئارىسىدىكى ئەڭ شەرەپلىك، نەسەبى ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ باي ئايال بولغاچقا، قۇرەيشلىك ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى، قۇربى يەتكەن تەقدىردە ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىشاتتى.

مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بۇ ھەقتە تاغىلىرىغا مەسلىھەت سالدى، تاغىلىرى ئەبۇ تالىب ۋە ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمەتتەلىب بىللە خەدىچىنىڭ تاغىسى ئەمر ئىبنى ئەسەدنىڭ ئۆيىگە باردى. ئەبۇ تالىب مۇنداق دەپ سۆز ئاچتى:

— مۇھەممەدنى ھېچكىمگە قىياس قىلغىلى بولمايدۇ، گەرچە ئۇنىڭ مال – مۈلكى بولمىغىنى بىلەن، شەرەپ، نەسەب، ئەقىل – پاراسەت ۋە پەزىلەت جەھەتتە يېگانىدۇر. بىراق، مال – مۈلۈك دېگەن نەرسە، قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئۆتكۈنچى كۆلەڭگۈگىلا ئوخشايدۇ، خالاس. مەقسەتكە كەلسەك، مۇھەممەد قىزلىرى خەدىچىگە ئۆيلىنىشنى خالايدۇ. ئەمر ئىبنى ئەسەدمۇ مۇنداق دېدى:

— ئۇنىڭ تەڭدىشىنىڭ يوقلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، مۇھەممەد بىلەن خەدىچىنىڭ نىكاھى ئوقۇلدى ۋە مۇھەممەد خەدىچىنىڭ تويلۇقىغا 20 تۆگە (12 ئوقىيە) بەردى. خەدىچە 40 ياشلاردا بولۇپ، مۇھەممەد ئۆيلەنگەن تۇنجى ئايالىدى. نىكاھتىن كېيىن تۆگىلەر سويۇلۇپ، داستىخان تارتىلدى. خەدىچىنىڭ ئۆيى تويىنى تەبرىكلەشكە كەلگەن دوست – بۇرادەرلىرى بىلەن تولۇپ تاشتى. كەلگەن مېھمانلار ئارىسىدا كائىناتنىڭ ئىپتىخارلىق ئىنىك ئانىسى ھەلىمەمۇ بار بولۇپ، ئۆزى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان ئوغلىنىڭ تويىنى كۆرۈش ئۈچۈن، تا ئەسەد قەبىلىسىدىن كەلگەنىدى. ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ ئايال، ئەتىسى شەرەپلىك ۋە سېخى كېلىنى تارتۇق قىلغان 40 قوينى ئېلىپ قەبىلىسىگە قايتاتتى.

مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ كۆزلىرى ياشقا لىق تولغانىدى. كېچىك چېغىدىلا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە نازۇك ۋە يۇمشاق بىر قول، بۇرۇنقى يارىنى مېھىر – شەپقەت بىلەن تېڭىۋاتاتتى. خەدىچىنىڭ مىسكىن يۈرىكىنى ئۇزۇندىن بېرى تىنىمسىز چوخچىلاۋاتقان

ئىزتىراپلارمۇ ئاللىقاياقلارغا غائىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھۇزۇر ۋە بەخت غۇنچىلىرى پورەكلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى.
ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيلىنىش — ئۇچاقلىق ھاياتى، ئۇدا 15 يىل بەخت — سائادەت باغچىسىدا يايراپ ئۆتتى. جەنابى ئاللاھمۇ، ئۇلارغا قىز — ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىپ، بۇ بەخت — سائادەتنىڭ ھۆسنىنى تېخىمۇ چاقنىتىۋەتتى. دەرۋەقە، خەدىچىنىڭ كۆزى يورۇپ، «ئۇبۇلقاسىم» ئىسىملىك بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) كېيىنچە «ئۇبۇلقاسىم (قاسىمنىڭ دادىسى)» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئۇبۇلقاسىمدىن كېيىن، رۇقىييە، زەينەب، ئۇممۇ گۇلسۇم ۋە فاتىمە ئىسىملىك پەرزەنتلىرى دۇنياغا كېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇبۇلقاسىم ۋاپات بولدى.
زامان بۇ بىر جۈپ ئەر — ئايالغا بىر قانچە يىل بەخت — سائادەت ۋە ھۇزۇر — ھالاۋەت لىباسىنى كىيدۈردى ۋە بۇ دەۋردە پۈتكۈل كائىنات سۆيگۈ بولاقلىرىدىن قانغۇدەك ئىچتى. بۇ، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ يېتىملىك ھالىتىدە ئۆتكۈزگەن ئۆتمۈشىگە بىر مۇكاپات، كەلگۈسىدە زىممىسىگە ئالغۇسى بۈيۈك مەشغۇلىيەت ۋە تىنىمسىز كۈرەشكە ھازىرلىق باسقۇچى ئىدى.
مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) خۇددى شەپەقنىڭ ئايدىڭلىقىغا ئوخشاشلا روشەن چۈش كۆرۈشكە باشلىدى. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك ئۇ دائىم يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن يالغۇز قېلىشتىنمۇ ياخشىراق بىرەر ئىش يوقتى. بىر كېچىسى، بىر چۈش كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ ئويغاندى؛ چۈشىدە، ئىچ قارنى چىقىرىلىپ، يۇيۇپ پاكىزلانغاندىن كېيىن قايتىدىن ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويۇلغانىدى. چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى رەپىقىسى خەدىچەگە ئېيتىپ بەرگەندە، خەدىچە:
— بۇ بىر ياخشىلىقنىڭ بېشارىتىدۇر. خۇش - مۇبارەك بولسۇن! دېدى.
مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) 40 ياشقا تولغان يىلى رامىزان ئېيىنىڭ كېچىلىرىنى كۆپىنچە ھاللاردا ئۆيىگە كەلمەستىن ھىرا غارىدا تائەت — ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ھىرا غارىدا ئىبادەت قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر پەرىشتىنىڭ قولىدا كىتاب سېلىنغان بىر قوتا بىلەن كۆكتىن يېنىغا چۈشكەنلىكىنى كۆردى. پەرىشتە ئۇنىڭغا:
— ئوقۇ! دېدى. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام):
— مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن، دەپ جاۋاب بەردى. پەرىشتە ئۇنىڭ گېلىنى قاتتىق سىقىپ قويۇۋېتىپ قايتىدىن:
— ئوقۇ! دېدى. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) يەنىلا:
— مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن، دەپ جاۋاب بەردى. پەرىشتە ئۇنى شۇنداق قاتتىق بىر سىققانتى، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بۇ بەلكىم ئۆلۈم بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى، ئاندىن پەرىشتە ئۇنى قويۇۋېتىپ:
— ئوقۇ! دېدى. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام):

— مەن قانداقمۇ ئوقۇيالايمەن، چۈنكى مەن ئوقۇشنى بىلمەيدىغان تۇرسام، دېدى. پەرىشتە ئۇ يەنە قاتتىق بىر سىققانتى، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆلۈم ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. پەرىشتە ئۇنى قويۇۋېتىپ:

— ئوقۇ! دېدى. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام):

— مەن قانداقمۇ ئوقۇيالايمەن، چۈنكى مەن ئوقۇشنى بىلمەيدىغان تۇرسام، دېدى. پەرىشتە:

**— « ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن! ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.[1]»** دېدى.

مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) پەرىشتىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئوقۇدى، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن پەرىشتە كېتىپ قالدى. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ھىرا غارىدىن چىقىپ يۈرىدى، تاغنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە كۆكتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئى مۇھەممەد! سەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن بولسام جەبرائىلمەن.

مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ كەتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىغان ھامان بۇنى كۆرەتتى. ئۇ ئالدىراپ – تېنەپ خەدىچىنىڭ يېنىغا قايتىپ، ۋەقەلىكنى ئېيتىپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئى خەدىچە! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھازىرغا قەدەر بۇ بۇتلار بىلەن كاھىنلارغا غەزەبلەنگىنىمدەك ھېچ بىر نەرسىگە غەزەبلىنىپ باقمىدىم. مەن كاھىن بولۇپ قېلىشتىن تولىمۇ قورقىمەن. بۇنى ئاڭلاپ خەدىچە:

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، ئى تاغامنىڭ ئوغلى! سەن ھەرگىزمۇ بۇنداق دېمە؟ ئاللاھ سېنى ھېچقاچان بۇنداق قىلىپ قويمايدۇ. چۈنكى سەن خىش – ئەقرابالىرىڭغا سىلە – رەھىم قىلىپ، يېتىم – يېسىر ۋە ئاجىز – ئۇرۇقلارنىڭ بېشىنى سىلايسەن، ئەڭ توغرا سۆزنى سۆزلەپ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئەخلاقلىق، ئېسىل ئىنساندۇرسەن.

ئاندىن خەدىچە ۋەرەقەنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن جەبرائىل ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ مۇنداق دېدى:

— قۇددۇس، قۇددۇس. ئى قۇرەيشلىك خېنىملارنىڭ ئەڭ كاتتىسى! سەن بۇ ئىسمنى قانداق بىلىسەن؟ خەدىچە مۇنداق جاۋاب بەردى:

— تاغامنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ ماڭا دەپ بېرىشچە، ئۇ مۇھەممەدنىڭ يېنىغا كەلگەنمىش. ۋەرەقە يەنە:

---

[1] ئەلەق: 1-5.

— قۇددۇس، قۇددۇس. ئۇنى پەقەت يېقىندا كېلىدىغان بىر پەيغەمبەرلا بىلىدۇ. ئۇ (جەبرائىل) ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئەلچىدۇر. شەيتان نە ئۇنىڭ شەكلىگە كىرىشكە، نە ئۇنىڭ ئىسمىنى قوللىنىشقا جۈرئەت قىلالماس، دېدى.
خەدىجە ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇبۇل قاسىم (مۇھەممەد) نىڭ يېنىغا كېلىپ، ۋەرەقەدىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرىنمۇ قويماي ئېيتىپ بەردى ۋە كېيىن يەنە جابدۇنۇپ تاغىسى ۋەرەقەنىڭ يېنىغا باردى. ۋەرەقە، خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ناھايىتى كۆپ كىتاب ئوقۇغان، تەۋرات بىلەن ئىنجىلگە ئېتىقاد قىلغان ۋە ئوقۇغانلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلىغان ئوقۇمۇشلۇق بىر زات ئىدى. ۋەرەقە خەدىجىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:
— تاغاڭنىڭ ئوغلىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست، بۇ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ باشلىنىشىدۇر. شۈبھىسىزكى ئۇنىڭغا، بۇرۇن مۇساغا كەلگەن جەبرائىل كېلىدۇ ۋە ئۇ بۇ ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرى بولىدۇ. ئۇنىڭغا دېگىن: خاتىرجەم بولسۇن!
خەدىجە بۇ خۇش خەۋەرنى دەرھال مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. نېمىشقىدۇر ۋەھىي بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇردى، ھەتتا پات ـ پات تاغلارنىڭ چوققىسىغا چىقىپ ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا جەبرائىل ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ:
ئى مۇھەممەد! سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىسەن، دەيتتى ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپاتتى.
بىر كۈنى خەدىجە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
— ئى تاغامنىڭ ئوغلى! يېنىڭغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان بۇ كىشى يەنە كەلگەن ھامان ماڭا خەۋەر قىلغىن، بولامدۇ؟ دېدى. جەبرائىل كەلگەن چاغدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام:
— ئى خەدىجە! مانا بۇ جەبرائىل بولىدۇ، دېدى. خەدىجە:
— ئى تاغامنىڭ ئوغلى! سول تەرىپىمدە ئولتۇر! دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن خەدىجە:
— جەبرائىلنى كۆرۈۋاتامسەن؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ:
— ھەئە، كۆرۈۋاتىمەن. دېدى. خەدىجە:
— ئەمدى ئوڭ تەرىپىمگە ئۆتۈپ ئولتۇر! دېدى. رەسۇلۇللاھ خەدىجىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن:
— جەبرائىلنى كۆرىۋاتامسەن؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ:
— ھەئە، كۆرىۋاتىمەن. دېدى. خەدىجە:
— ئەمدى قوچىقىمدا ئولتۇر! دېدى. رەسۇلۇللاھ خەدىجىنىڭ قوچىقىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن:
— جەبرائىلنى كۆرىۋاتامسەن؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ:
— ھەئە، كۆرىۋاتىمەن. دېدى. خەدىجە بېشىنى ۋە چۈمپەردىسىنى ئېچىپ:

— جەبرائىلنى ھازىرمۇ كۆرۈۋاتامسەن؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ:

— ياق، دېدى. خەدىجە:

— ئى تاغامنىڭ ئوغلى! كۆڭلۈڭ خاتىرجەم بولسۇن! ساڭا خۇش خەۋەر! كۆرگىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ پەرىشتە بولۇپ، ھەرگىزمۇ شەيتان ئەمەس، دېدى.

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ يولدا كېتىۋاتتى. ھىرا غارىدىكى ۋاقىتدا كۆرگەن پەرىشتىنىڭ ئاسمان بىلەن يەر ئوتتۇرىسىدا بىر تەختنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كەتتى ۋە ئۆيىگە كېلىپ رەپىقىسى خەدىجىگە:

— مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! دېدى. خەدىجە ئۇنى يۆگەپ قويدى ۋە كېيىن ئۇنىڭ يانىقىدا قاتتىق تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردى، رەسۇلۇللاھ ئاران ــ ئاران نەپەس ئېلىۋاتقان بولۇپ، چىلىق ــ چىلىق قارا تەرگە چۈمۈلۈپ كەتكەنىدى. گويا ئۇنىڭغا پىچىرلاۋاتقان بىرەيلەنگە قۇلاق سېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاندىن ئۇ ئاستا ــ ئاستا ئۆزىگە كېلىپ، ئاڭلىغانلىرىنى تەكرارلاۋاتدەك مۇنداق دېدى:

— ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر! پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا! كىيىمڭنى پاك تۇت! ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول![2]»

ئاندىن رەپىقىسى خەدىجىگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئى خەدىجە! ئەمدى ئۇخلاش ۋە راھەت زامانى كەلمەسكە كەتتى، جەبرائىل ماڭا ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاللاھقا دەۋەت قىلىشىمنى ھەمدە ئىبادەتكە ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىشىمنى بۇيرىدى. مەن كىمنى دەۋەت قىلاي، كىممۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلا. خەدىجە:

سەن دەۋەت قىلىدىغان ۋە سېنىڭ سۆزۈڭنى تۇنچى بولۇپ ئاڭلايدىغان كىشى مانا مەن، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن خەدىجە، ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇلاھقا ئىمان كەلتۈرگەن ھەمدە مۇھەممەدنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىنى تەسدىق قىلغان تۇنچى مۇسۇلمان بولۇپ قالدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى ئىبنى قۇھافە، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە زەيد ئىبنى ھارىسە مۇسۇلمان بولدى.

لېكىن، قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرى رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىنى ئىنكار قىلىپ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىشتى. چۈنكى مۇھەممەدنىڭ ئابروينى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزلىرى بىلەن شانۇ شەۋكەتلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى ئۇلار قانداقمۇ قوبۇل قىلالىسۇن؟! شۇڭا ئۇنى دۈشمەن تۇتۇپ، ئەزىيەت يەتكۈزۈشتى. خەدىجە بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دەۋاسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. ئوچۇقراقى، خەدىجە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ سەمىمى ۋە ساداقەتلىك ياردەمچىسى ئىدى.

رەسۇلۇللاھ، ئىنسانلار دەۋىتىنى رەت قىلىپ، ئۆزىنى يالغانغا چىقارغان چاغلاردا قاتتىق قايغۇراتتى، لېكىن بۇنداق چاغلاردا جانابى ئاللاھ خەدىجە ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزاتتى.

[2] مۇددەسسىر: 1 -5.

يېنىغا كەلگەن هامان خەدىجە رەسۇلۇللاھقا كۆڭلىنى خاتىرجەم تۇتۇشنى جېكىلەپ تەسەللى بېرىش غەم ـ قايغۇلىرىنى يەڭگىللىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قەۋمىدىن تارتقان ئەزىيەتلەرگە پىسەنت قىلماسلىققا ئۈندەيتتى.

بىر كۈنى جەبرائىل رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەنە خەدىجە ساڭا قاراپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ قولىدا ئىچىدە يېمەك ـ ئىچمەك بار بىر قاچا بار، ئۇ يېنىڭغا كەلگەن هامان، ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىڭدىن ۋە مەندىن سالام دەپ قوي، ئۇنىڭغا شۇنداق خۇش خەۋەر يەتكۈزگىنكى، ئۇنىڭ جەننەتتىن مەخسۇس بىر ئۆي ئاتا قىلىنغان بولۇپ، ئۇ يەر ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، چاراكەندىچىلىك ۋە مۇشەققەتلەردىن خالىيدۇر.

دەرۋەقە خەدىجە كەلگەن هامان رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا:

— ئاللاھ ساڭا سالام ئېيتتى. خەدىجە:

— شۈبھىسىزكى ئاللاھ سالامەتلىك ئاتا قىلغۇچىدۇر. جەبرائىلغىمۇ مەندىن سالام. ئاللاھ ساڭا سالامەتلىك رەھمەت ۋە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن!

رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇۋاتقان چاغدا يەرگە تۆت قۇر خەت يېزىلدى. رەسۇلۇللاھ:

— بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ دەپ سورىدى. ساھابىلار:

— ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى ئەڭ ئالىمدۇر، دەپ جاۋاب بېرىشتى. رەسۇلۇللاھ:

— بۇ خەتتە شۇنداق دەپ يېزىلغان: ئەھلى جەننەتتى ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پەزىلەتلىك تۆت ئايال بولۇپ، ئۇلار خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىجە، مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم ۋە فىرئەۋننىڭ ئايالى، مۇزاھىمنىڭ قىزى ئەسمادۇر.

قاتتىق ئازاب چەككەن ۋە ئەزىيەت تارتقان چاغلاردا خەدىجە ھەمىشە رەسۇلۇللاھنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزاتتى ۋە يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى. هاشىم جەمەتى بىلەن ئابدۇلمەتتەلىب جەمەتى بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىشىدىن ۋە بىرەر سۈيىقەستكە ئۇچراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە رەسۇلۇللاھنى ئەبۇ تالىب شىبى مەھەللىسىگە ئاپارغاندا قۇرەيشلەر ئۇ مەھەللىنى قورشىۋېلىپ، كەبىنىڭ ئىچىگە بىر بەتلىك ناھايىتى ئېغىر ۋە زۇلمەت تۇمانلىرى قاپلاپ كەتكەن يازما يېزىشتى ھەمدە هاشىم جەمەتىگە قىز بەرمەسلىك، قىز ئالماسلىق، ھېچقانداق ئالاقە ۋە سودا ـ سېتىق قىلماسلىق، مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈپ جازالىشى ئۈچۈن تاپشۇرمىغىچە ئۇلار بىلەن مەڭگۈ ياراشماسلىققا قارار قىلىشتى. خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىجە بىلەن قۇرەيش قەبىلىسى ئۇدا ئۈچ يىل شىب مەھەللىسىدە قامالدا قېلىش جەريانىدا، ئوت ـ چۆپلەر بىلەن دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى، ھەتتا ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي قورساقلىرىغا تاش باغلاشتى. قىسقىسى، ئۇلار ھەر جەھەتتىن قاتتىق قامال قىلىنغان بولۇپ، ئاچلىقتىن ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ۋە جاتقاللارنىڭ ياپراقلىرىنىمۇ يېيىشكە مەجبۇر بولدى، بۇ ئۇدا ئۈچ يىل داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا ناھايىتى مەخپىي ھالدا ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن يېمەك ـ ئىچمەككە ئېرىشەلمىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام، چاكىرىغا بىر خالتا بۇغدايىنى كۆتۈرتۈپ، قامال رايونىغا كەلگەن ھېكىم ئىبنى ھىزام ئىبنى خۇۋەيلىدنى تۇتۇۋالدۇ. ھېكىم بۇ بۇغدايىنى قامالدىكى رەسۇلۇللاھ ۋەرەسۇلۇللاھنىڭ قىزلىرى فاتىمە بىلەن ئۇممۇ گۈلسۈم ۋە هاممىسى خەدىجە ئىبنى خۇۋەيلىدلەرگە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئەبۇ جەھىل ئۇنىڭغا:

—— «سەن تېخى ھاشىم جەمەتىگە يېمەكلىك ئېلىپ كېتىۋاتامسەن؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ۋە سەن ئېلىپ كېتىۋاتقان بۇ يېمەكلىكلەر بۇ يەردىن ئايرىلماستا سېنى مەككە ئاھالىسى ئالدىدا رەسۋا قىلىمەن» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

قامالدىكى ئاچارچىلىق شۇنداق ئېغىرلاشقانكى، بۇنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى سەئىد ئىبنى ۋاققاسنىڭ قامال ۋەقەسىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى مۇنۇ سۆزلىرىدىن كۆرىۋېلىش مۇمكىن:

«قورسىقىم شۇنداق ئاچقان ئىدىكى، مەلۇم بىر كېچىسى ھۆل بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ سالغان ئىدىم، دەرھال ئۇنى ئاغزىمغا ئېلىپ يۇتىۋەتتىم. تا هازىرغا قەدەر مەن يۇتقان ئۇ نەرسىنىڭ زادى نېمىلىكىنى ئېنىق بىلمەيمەن.»

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قۇرەيشلەر قانچىلىك دەرىجىدە دۈشمەنلىك قىلىشىدىن قەتئىينەزەر مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى زەررىچىلىكمۇ سۇسلاپ قالمىغىنىدەك قىلچىلىكمۇ شەكلىنىش هادىسىسى كۆرۈلمىدى. ھەممىسى رەسۇلۇللاھقا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشقا تىرىشاتتى. قۇرەيشلەرنىڭ ئاتقان ئوقى كەينىگە يېنىپ ئۆزلىرىنىڭ قارارگاھىنى ئۆتمۈتۆشۈك قىلىۋەتتى.

بۇ ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى مۇنداق ئىدى: بىر قىسىم قۇرەيش مۇشرىكلىرى مۆمىنلەرگە قارىتىلغان قاتتىق قامالدىن ئىنتايىن بىئارام بولۇپ، ۋىجدانلىرى قاتتىق ئازابلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق پۇشايمان ئىلكىدە قامال ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاشقا باشلىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، نەجلە ئىبنى ھاشىمنىڭ بىر ئانىدىن بولغان قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئەمر ئىبنى رابىئە ئەل ئەمرى بىر قېچىرغا ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئارتىپ كېچىچە ئەبۇ تالىبنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كەلگەندى. قېچىرنىڭ يۈگىنىنى چىقىرىۋېلىپ ساغرىسىغا قاتتىق ئۇرىۋېدى، قېچىر يۈگۈرگەن پېتى ئۈستىدىكى يۈك بىلەن بىللە ھاشىم جەمەتى بىلەن ئابدۇلمەتتەلىب جەمەتىنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدى.

ئۇ كېچىسى رەسۇلۇللاھ مەھەللىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا كېلىپ ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئارتىلغان قېچىرنى كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزۇق ـ تۈلۈكنىڭ بالا ـ چاقىلىق ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بېرىلىشىگە شەخسەن ئۆزى نازارەتچىلىك قىلدى. ئۇممۇ گۈلسۈم ، ياشىنىپ قالغاننىڭ ئۈستىگە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر تۈپەيلى بارغانسىرى هالسىرىغان ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يېتىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان ئانىسىنىڭ بېشىدا كېچىسى كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزاتتى. هۆرمەتكە سازاۋەر ئانا، ئاجىزلىقى ۋە كېسەللىكىگە قارىماي، سۆيۈملۈك يولدىشى ۋە قىزلىرى فاتىمە بىلەن ئۇممۇ گۈلسۈم ئۈچۈن ياشاشقا تىرىشاتتى. بىر كۈنى قىزىغا پىچىرلاپ شۇنداق دېدى:

— «شۇ دىشۋارلىق كۈنلەردىن قۇتۇلۇپ بولغانغا قەدەر ئەجەل قۇشى يېتىپ كەلمىسە، مەنمۇ كۆزلىرىم ئوچۇق كەتمىسەم نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى - هە!» ئۇممۇ گۈلسۈم قاتتىق ناله قىلىپ:
«قەدىرلىك ئانا! هەرگىز ئۇنداق دېمەڭ! كېسىلىڭىز ئۇنچىلا ئېغىر ئەمەس، سىزگە هېچ نېمە بولمايدۇ.» دېدى - يۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆكسۈپ – ئۆكسۈپ يىغلىدى. قەدىردان ئانا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
«ئېخ شەپقەتلىك پەرۋەردىگارىم! (مەن ئۆزەمنى ساڭا تاپشۇردۇم) سۆيۈملۈك قىزىم! ماڭا هېچ نېمە بولمايدۇ، بىلەمسەن؟ هېچبىر قورىشلىك ئايال مەن تېتىغان نېمەتلەرنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىدى. بەلكى بۇ دۇنيادا هېچقانداق بىر ئايال مەن ئېرىشكەن شان – شەرەپكە ئېرىشىپ باقمىغاندۇ! بۇ دۇنيادا مۇهەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەپىقىسى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكىنىمدەك ئاخىرەتتە تۇنچى مۆمىن سۈپىتىدە قايتا تىرىلىشىم ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولۇش شەرىپىگە نائىل بولۇشۇم، ماڭا نىسبەتەن ئەڭ بۈيۈك نېمەتتۇر...» كېيىن ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ پىچىرلاشقا باشلىدى:
«ئى شەپقەتلىك ئاللاھ! سېنى هەقىقى تۈردە مەدھىيىلەشكە هەقىقەتەنمۇ تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئى پەرۋەردىگارىم، مەن سېنىڭ دەرگاهىڭغا سەپەر قىلىشتىن هەرگىزمۇ بىئارامىلىق هېس قىلمايمەن، بىراق، مەن سېنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭگە تېخىمۇ لايىق بولۇشۇم ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ جان پىدا قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن.»
ئۆينى يورۇتىۋاتقان شامنىڭ ئۆلۈمتۈك نۇرى تىترەيتتى، پۈتۈن جاهان تىمتاسلىقتا چۆمگەن بولۇپ، كائىناتقا قارا مەخمەلدىن لىباس كېيدۈرگەن كېچە بۇ تەسىرلىك پىچىرلاشلارنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسىنىڭ نەپەس ئېلىشى ۋە بېشىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقان قىزىنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەنسىز سوقۇشلىرىدىن باشقا هېچقانداق بىر تىنىش ئاڭلانمايتتى.
بىردىنلا ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆينىڭ ئىچى يورۇپ كەتتى ۋە يۈزىدە خۇشاللىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلغان هالدا رەسۇلۇللاھ كىرىپ كەلدى. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى رەسۇلۇللاهنى كۆرۈپلا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، نۇرلۇق يۈزى بىلەن يولدىشىنى كۈتىۋالغىنىدا ئاجىز تېنىگە خېلىلا كۈچ كىرىپ قالغانلىقىنى هېس قىلدى.
ئۇممۇ گۈلسۈم دادىسى ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەرگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سېلىپ، زۇلۇم قارانلىقىنىڭ ئاستا – ئاستا يورۇشقا باشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن تۇغىلىۋاتقان بىر نۇرنى كۆرگەندەك بولدى.
شۇ كېچىسى رەسۇلۇللاهنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىب، مەهەللىدىكىلەرگە كېلىشىمنىڭ بوزۇلغانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كەبىنى تاۋاپ قىلىپ بولۇپلا قايتىپ كەلدى.
كېچىلىرى قامالدىكىلەرگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان هىشام ئىبنى ئەمر، هىندى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قېرىندىشى ۋە ئاتىكە بىنتى ئابدۇلمەتتەلىبنىڭ ئوغلى زۇهەير ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە ئەل مەخزۇمىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

«ئـى زۇھـەير! سـاڭىمۇ مەلـۇم بولغىنىـدەك، سـەن بىخارامـان ئولتـۇرۇپ تامـاق يېيەلەيـسەن، كىيەلەيـسەن، خوتـۇنلىرىڭ بىلـەن ئۇنـسى – ئۇلپـەت قىلالايـسەن، شـۇنداققۇ؟ ئـاللاھ بىلـەن قەسەمكى، ئەگـەر ئۇلار ئەبۇل ھەكـەم ئىبنـى ھىشام (ئەبۇ جەھىل) نىـڭ تـاغىلىرى بولۇپ، سـەنمۇ ئەبۇلھەكەمگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ تـاغىلىرى بىلـەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە چاقىرساڭ، ئۇ ھېچقاچان سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلماس» دېدى. زۇھەير ئاڭلاپ بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن:

دېگىنىڭغۇ توغرا، بىراق مەن ئۆزەم يالغۇز تۇرسام، نېمىمۇ قىلالايتتىم؟ ئەزبىرايى خۇدا، ماڭا ھەمدەم بولالىغۇدەك يەنە بىر كىشى بولسىدى، كېلىشىمنى بىكار قىلمىغۇچە بولدى قىلمىغان بولاتتىم» دېدى. ھىشام:

«ساڭا ھەمدەم بولالىغۇدەك بىر ئادەم تاپتىڭ» دېيىشىگىلا زۇھەير:

«ئۇ كىم» دەپ سورىدى. ھىشام:

«مانا مەن» دېدى. زۇھەير:

بىزگە يەنە بىر ئادەم تېپىشىڭ كېرەك.» دېدى. ھىشام، مۇتىم ئىبنى ئەدىي ئىبنى نەۋفەلنىڭ يېنىغا بېرىپ:

«ئـى مـۇتىم! ئابـدۇماناف جەمەتىـدىن ئىككـى قەبىلـە ھـالاك بولىۋاتـسا، سـەن قـاراپ تۇرامـسەن؟ قۇرەيشلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە كۆز يۇمامسەن؟ ئەزبىرايى خۇدا، ئۇلارغا قارشى يېڭىۋاتقان بۇ ئىشىڭلاردا ھازىرچە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسەڭلەرمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ قويۇڭلار.» دېدى.

مۇتىممۇ زۇھەيرگە ئوخشاشلا جاۋاب بەردى. ئاندىن ھىشام ئەبۇل بەھتارى ئىبنى ھىشامنىڭ يېنىغا بېرىپ، زۇھەير بىلەن مۇتىمغا دېگەنلىرىنى ئۇنىڭغىمۇ دېدى. ئەبۇل بەھتارى:

«بۇ ھەقتە ماڭا ياردەم قىلالايدىغان باشقا ئادەم تاپالامدىمەن؟» دەپ سورىدى.

«شۇنداق، زادۇر رەقىبىنىڭ ئوغلى مۇتىم ئىبنى ئەدىييە بىلەن مەن ساڭا ياردەم قىلىمىز» دەپ جاۋاب بەردى ھىشام...

ئەبۇل بەھتارى ھىشامدىن ئۆزىگە ياردەم قىلالايدىغان بەشىنچى بىر كىشىنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى تەلەپ قىلغانىدى، ھىشام زەما ئىبنى ئەسۋەدنىڭ يېنىغا بېرىپ، ھاشىم جەمەتى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ زەمانىسىڭ ئۇرۇغ – تۇغقانلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە زىممىسىدە ھەققى بارلىقىنى ئەسكەرتتى. زەمامۇ ئىجابىي جاۋاب بەردى.

بەش كىشى مەككىنىڭ يۇقىرى قىسمى بولغان «ھاجۇن» دېگەن جايدا ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشتى ۋە ئۇ يەردە توپلانغان ھامان كېلىشىمگە قارشى تۇرۇپ، كېلىشىمنى بىكار قىلمىغۇچە زادىلا بولدى قىلماسلىققا قارار قىلىشتى ھەمدە قۇرەيشلەرنىڭ مەجلىسىدە تۇنجى بولۇپ زۇھەيرنىڭ سۆز قىلىشى ھەققىدىمۇ كېلىشىۋالدى.

تـاڭ ئاتـار ـ ئاتمـاس كېلىشكىنى بويىچە مەجلىسخانىغا بېرىشتى. زۇھەير بەقەسەم تونىغا ئورۇنۇپ كەلگەنىدى. كەبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، خەلققە يۈزلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

«ئى مەككە خەلقى! ئىلىم – سىتىم قىلىشلىرى مەنئىي قىلىنغانلىقتىن ھاشىم جەمەتى ھالاك بولىۋاتقان بىر پەيتتە ۋىجدانىڭلار قىلچە ئازابلانماستىن خالىغانچە يەپ – ئىچىپ، بەھۇزۇر كىيىنىپ خىرامان يۈرۈۋېرەمسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان شۇ زۇلمەتلىك كېلىشىمنامە يىرتىپ تاشلانمىغۇچە ھەرگىزمۇ ئولتۇرمايمەن.»
بۇ چاغدا كەبىنىڭ بىر چېتىدە تۇرىۋاتقان ئەبۇل ھەكەم ئىبنى ھىشام (ئەبۇ جەھىل):
«يالغان ئېيتىۋاتىسەن. ئەزبىرايى خۇدا ئۇ كېلىشىمنامىنى ھېچكىم يىرتالمايدۇ» دەپ ئېتىراز بىلدۈردى.
زەما ئىبنى ئەسۋەد ئۇنىڭ بۇ ئېتىرازىغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بىردىنبىر يالغانچى سەن بولىسەن، باشتىن تارتىپلا بىز ئۇ كېلىشىمنامىنىڭ يېزىلغانلىقىدىن تولىمۇ بىئارام ئىدۇق...»
ئەبۇل بەھتارىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ:
«زەما توغرا ئېيتىدۇ، بىز ھېچقاچان ئۇ كىشلىشىمنامىگە رازى بولمىدۇق ۋە تەستىقمۇ قىلمىدۇق» دېدى.
مۇتىممۇ ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ:
«ئىككىڭلار ھەق گەپنى قىلىۋاتىسلەر، باشقىلار بولسا قىپقىزىل يالغانچىدۇر. ئۇ كېلىشىمنامەدىن ۋە ئۇ كېلىشىمامىدە يېزىلغانلاردىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز» دېدى.
ھىشام ئىبنى ئەمرىمۇ ئۇلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەبۇ جەھىل بۇ بەش كىشىگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ۋارقىراپ:
«قارىغاندا كېچىدىن ھەممىسى گېپىنى بىر قىلىپ، پۈتۈشىۋاپتىكەن - دە!» دېدى.
خەلق ئۇنىڭ ۋارقىراش – جارقىرشلىرىغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى. مۇتىم بولسا ئەبۇ تالىب قاتارلىقلار تۇرىۋاتقان توپنىڭ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، كەبە مەسجىدىنىڭ بىر چېتىگە بېرىپ كېلىشىمنامىنى ئېلىپ يىرتىشقا تەمشىلىۋىدى، كۈتۈلمىگەندە چۈل چۈمۈلىلىرىنىڭ ئۇنى ئاللىقاچان يەپ كەتكەنلىكىنى، پەقەتلا «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن...» دېگەن خەتنىڭلا ساق قالغانلىقىنى كۆردى.
قۇرەيشلەر قورقۇپ كېتىشتى ۋە گويا غائىبتىن بىر ئوق ئۇچۇپ كېلىپ يۈرەكلىرىنى ئەرەختەم – پەرەختەم قىلىۋەتكەندەك ھېس – تۇيغۇلارغا چۆمۈپ تېپىرلاشقا باشلىدى.
ئەبۇ تالىب ئورنىدىن تۇرۇپلا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن قامالدىكىلەر تۇرىۋاتقان مەھەللىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئۇ، كەبىگە كېلىپلا ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان ئوغۇللىرىنى ئەسلەپ، بەلكىم دېگەنلىرىمنى ئاڭلار، دېگەن ئۈمىد بىلەن يۈگرەپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دەيتتى:
«قۇرەيشلەرنىڭ تۇزاقلىرىغا قارشى پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزگە لايىق تاپقىنىغا بىز لايىقمۇ ئەمەسمۇ؟ تەبىئىكى ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ھەمىشە ياخشىلىق قىلىشلىرىنى خالايدۇ.»

«كىلىشنامىنىڭ يىرتىلغانلىقىنى ئاللاھ ئۇلارغا بىلدۈرمەكتە. ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھ رازى بولمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بوزۇلۇشقا مەھكۇمدۇر.»

«ئۇ كېلىشنامە بوھتان ۋە سېھىر بىلەن تولغانىدى، بىراق سېھىر مەڭگۈلۈك ئۈستۈنلۈك قازىنالمايدۇ.»

«ئەقىل – پاراسەتلىك ۋە نەزەر دائىرىسى كەڭ ھاجۈن قەبىلىسىگە ئاللاھ ياخشىلىق ئاتا قىلغاي!»

«گويا ئۇلار ھاجۈندا ئولتۇرۇپ قەسەم ئىچىشكەندەك، ئەڭ ئەزىز ۋە ئەڭ ئالىي نەسەبلىك كىشىلەردۇر.»

«خەلق ئۇيقۇغا پاتقاندا، ئۇلار كېچىسى كېڭەش ئارقىلىق پۈتۈشۈپ، تاڭنى قارار بىلەن كۈتۈۋاپتۇ.»

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئويغىنىپ كېتىشتى ۋە بۇ خۇش خەۋەرنى بىر – بىرىگە يەتكۈزۈشۈپ خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىشتى. مۇسۇلمان بولغانلار «ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغ)» نىدالىرى بىلەن ئەتراپنى لەرزىگە كەلتۈردى.

ئۇ كېچىسى ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكتىن ھەممىنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۇخلىغۇسى كەلمەيتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە كەبىگە ئۆزلىرىنى ئېتىپ تاۋاپ قىلىشقاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە تارقىلىشتى ھەمدە قامال بىكار قىلىنىپ، قۇرغان تۇزاقلىرى كارغا كەلمىگەن قۇرەيشلەرنىڭ بۇندىن كېيىن قانداق قۇۋلۇق - شۇملۇقلارنى قىلىدىغانلىقىنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

تەۋرەنمەس ئېتىقادلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە قامال بىكار قىلىنماستىن ھاشىم جەمەتى ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئەمدى، رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ئادەتتىن تاشقىرى پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىمانى كۈچلۈك ۋە سەۋرىچان ئايالى بىلەن كەبىگە تۇتاش ئۆيىگە قايتىشنىڭ ۋاقتى كەلگەنىدى. ئەپسۇسكى بۇ چاغدا، 65 ياشقا قەدەم قويغان خەدىجە كۈچ مادارىدىن كېتىپ قالغانىدى.

قامال بىكار قىلىنىپ ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىب ۋاپات بولدى. ھالبۇكى ئۇ، جىيەنى ئۈچۈن ساداقەتلىك بىر دادا، كېپىل، قوغدىغۇچى ۋە قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا نىسبەتەن ئېشىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر توسۇقتى. خەدىجە، ئەبۇ تالىبنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا ھازىر بولالمىدى. چۈنكى ئۇ، سۆيۈملۈك ھەمراھىنىڭ (قامال بىكار قىلىنىش بىلەن) ئەھۋالىنىڭ ياخشىلانغانلىقىغا تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىش ئارزۇسى بىلەن دۇنيادىن كېتىش ئالدىدا تۇراتتى.

دەل شۇ دەقىقىلەردە رەسۇلۇللاھ، خەدىجىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ سەكراتتىن قولاي ئۆتۈشى ئۈچۈن تىرىشۋاتاتتى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان نېمەتلەر بىلەن ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر بېرىۋاتاتتى.

زەينەب، ئۇممۇ گۈلسۈم ۋە فاتىمەدىن ئىبارەت ئۈچ قىزىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، ئاخىرەتكە سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن قانغۇدەك كۆرىۋېلىش ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئانىلىرىدىن بىردەممۇ كۆزلىرىنى

ئۆزمەيتتى. خەدىجە، ھاشىم جەمەتى ئەبۇ تالىبنىڭ قەبىلىسىدىن چىقىپ كېتىپ ۋە ئەبۇ تالىب ۋاپات بولۇپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھەمدە رەسۇلۇللاھقا پەيغەمبەرلىك كەلگەنلىكىنىڭ 10 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 10 - كۈنى 65 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتۈپ، ھاجۇن قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. ئۇنى لەھەتكە رەسۇلۇللاھ ئۆز قولى بىلەن قويغاندىن كېيىن، ئۆيلەنگەندىن بېرى پۈتۈن ئىشلاردا ھەمىشە قولىدىن كەلگەن ھەر قانداق بىر ياردەمنى ئايىمىغان ۋە ئاخىرقى نەپسىگىچە يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىلماي مۇقەددەس كۈرەشى «جىھاد» ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقارغان سۆيۈملۈك رەپىقىسى بىلەن ۋىدالىشىپ، قايغۇلۇق ھالدا ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئۆيىگە كېلىپلا ئۇممۇ گۈلسۈم بىلەن فاتىمەنى باغرىغا بېسىپ، ئانىسىدىن يېتىم قالغان بۇ قىزلىرىغا ھەم تەسەللى بېرەتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ غەم – قايغۇلىرىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشاتتى.
رەسۇلۇللاھ، خەدىجە ۋاپات بولغان ھامان، ئۆزىنىڭ مەككىدە ئانچە ئۇزۇن تۇرالمايدىغانلىقىنى ۋە شارائىتنىڭمۇ بۇنىڭغا يار بەرمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

***

ئەبۇ تالىب بىلەن خەدىجەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ بېشى دەرت – ئەلەمدىن ھېچ خالىي بولالمىدى. خەدىجە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىشتىكى ئەڭ سادىق ياردەمچىسى ئىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ خەدىجىنى ئەسلىمەي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ ئۆيىدىن ئايرىلالمايتتى.
خەدىجە راستىنلا ئۆلگەنمىدى؟ مەنىۋى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «ياق»، پەيغەمبەرنىڭ ھاياتىدا رەپىقىسى دائىم تىرىكتى. نەگىلا بارمىسۇن ئۇنىڭ پارلاق سىماسى، كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى.
گەرچە رەسۇلۇللاھ خەدىجىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن باشقا ئاياللار بىلەن ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، بىراق، يۈرىكى بىلەن بارلىقى پەقەت بۇ تۇنجى رەپىقىسىگىلا ئائىتتى. چۈنكى ئۇ، چارەك ئەسىرلىك زامان مابەينىدىكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك، كۆيۈمچان ۋە يېگانە ئايالى ئىدى ھەمدە بۇ جەرياندا رەسۇلۇللاھقا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئايال ئورتاق بولمىغان، ئېرىنىڭ مۇبارەك پۇراقلىرىنى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئايال پۇرىمىغانىدى.
دەرۋەقە خەدىجىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ ئۆيگە باشقا ئاياللارمۇ (رەپىقە بولۇپ) كەلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بالىسى بارلارمۇ، گۈزەللەرمۇ، ئالىي نەسەبلىكلەرمۇ، يۈكسەك ماقامغا ئىگە ئاياللارمۇ بار ئىدى. بىراق بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى، خەدىجىنىڭ ئورنىنى باسالمىدى ۋە قەدىرلىك ھەمراھىنىڭ كۆڭلىدە قۇرغان ئەسلىمە تەختىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمىدى.

***

يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، بەدر غازىتىدىكى غەلبىدىن كېيىنكى قۇرەيش ئەسىرلىرى تۆلەم تۆلىتىلىپ قويۇپ بېرىلەتتى ۋە دەل شۇ چاغدا خەدىجىگە مەنسۇپ بولغان مونچاقنىڭ، قىزى زەينەب تەرىپىدىن ئەسىر تۇتۇلىۋاتقان يولدىشى ئەبۇل ئاس ئىبنى رەبىئەنىڭ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن تۆلەم سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقاتتى. ئېگىلمەس – سۇنماس پەيغەمبەرنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ، زەپەر قازانغان يارەنلىرىدىن، بۇ مونچاقنىڭ زەينەبكە قايتۇرۇپ بېرىلىپ، ئەبۇل ئاسنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيى، ياشلىقنىڭ تازا ۋايىغا يەتكەن چاغلىرىدا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشكەن ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئائىشەنىڭ، بۇرۇنلا يولدىشىنىڭ قەلبىگە خوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئۇ مۇبارەك ئايال قازانغان مىسلىسىز سۆيگۈدىن قىزغانغانلىقىغا شاھىت بولاتتى. دېمەك، مەيلى ئاخىرقى نەپىسىگە قەدەر ياكى ۋاپات بولغاندىن كېيىن بولسۇن، يولدىشىنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئېلىپ، مىسلىسىز سۆيگۈسىنى قازانغان پەقەتلا خەدىجە ئىدى.

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: خەدىجىنىڭ سىڭلىسى ھالە مەدىنىگە كەلگەن چاغدا، رەسۇلۇللاھ ئۆيىنىڭ ئالدىدا، ھالەنىڭ بەئەينى مەرھۇمە ئايالى خەدىجىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپلا:

«ئاھ خۇدا! بۇ ھالەغۇ!...» دەپ تاشلىغان.

بۇ چاغدا ئائىشە ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ:

«ئاللاھ سىلىگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى بەرگەن تۇرسا، ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن قۇرەيشلىك ئۇ قېرى ئايالنى نېمە دەپ ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيلا!» دەپ باتىنىغان.

رەسۇلۇللاھنىڭ رەڭگى تاتىرىپ، غەزەب بىلەن ئائىشىگە مۇنداق دەشنام بەرگەن:

**«ئەزىبرايى خۇدا! ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى بەرگىنى يوق؛ ئىنسانلار مېنى ئىنكار قىلغان چاغدا ئۇ ماڭا ئىشەندى، ئىنسانلار مېنى يالغانغا چىقارغان چاغدا ئۇ مېنى تەستىقلىدى، ئىنسانلار مېنى (قالمال قىلىپ ھەممىدىن ) مەھرۇم قىلغان چاغدا ئۇ ماڭا مال – مۈلكى بىلەن يار – يۆلەك بولدى. باشقا ئاياللىرىمدىن پەرزەت يۈزى كۆرمىدىم، لېكىن ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭدىن پەرزەنت يۈزى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلدى.»**

ئائىشە ئۆزىچىلا شۇنداق قارارغا كېلىپ بولدى قىلدى:

«ئەزىبرايى خۇدا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھېچ تىلغا ئالمايمەن.»

چۈنكى ئۇ، بۇرۇن خەدىجە ھەققىدە سۆزلەيتتى.

***

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ خەدىجىنى كۆپ تىلغا ئالغانىدى، ئائىشە رەسۇلۇللاھقا:

«خۇددى دۇنيادا خەدىجەدىن باشقا ئايال يوقتەك...» دەپ كايىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:
«ئۇ (خەدىجە) مۇنداق، مۇنداق ئىدى، بۇندىن باشقا ئۇنىڭدىن پەرزەنت يۈزى كۆردۈم.»
ئائىشە، رەسۇلۇللاھنىڭ بىر قوي سويۇپ:
«بۇنى خەدىجىنىڭ دوستلىرىغا ئەۋەتىڭلار» دېگەنلىكىدىن خەۋىرى بار ئىدى. بىر قېتىم ئائىشە بۇنىڭدىن سۆز ئېچىشقا باشلىغاندا، رەسۇلۇللاھ:
«خەدىجىنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرىنى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن» دېگەنىدى.
مۇسلىمنىڭ بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:
**«ماڭا ئۇنىڭ سۆيگۈسى بەخش قىلىندى.»** (يەنى خەدىجىنى سۆيۈش ئىسلامنىڭ بىر پەزىلىتىدۇر.)

***

مەككە پەتھى قىلىنىش ئالدىدا، خەدىجىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا 10 يىلدىن كۆپرەك بولغان بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىنى كونترول قىلىدىغان قارارگاھىنى خەدىجىنىڭ قەبرىسىگە يېگىن بىر جايغا قۇرغان. مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىنمۇ مەيلى كەبىنى تاۋاپ قىلغاندا بولسۇن، مەيلى بۇتلارنى پاچاقلاپ تاشلىغاندا بولسۇن ھەمىشە خەدىجىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭغاغ بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بولغان سەممىيىتى ۋە چىن سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلغان. دەرۋەقە رەسۇلۇللاھ ئۇزۇن مۇددەتلىك بۇ مۇقەددەس كۈرەشكە خەدىجىنىڭ سۆيگۈ ۋە كۆيۈمچانلىق بولىقىدىن قانغۇچە ئىچىش ئارقىلىق ناھايىتى پۇختا ھازىرلانغان.
خەدىجىدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان ئاياللار ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولسىمۇ، بىراق خەدىجە پەيغەمبەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ تاللىغان تۇنجى مۇسۇلمان ئايال بولۇش ئالاھىدىلىكىنى دائىم ساقلاپ قالىدۇ. مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن تارىخشۇناسلارنىڭ ھەممىسى بۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىدۇ. ئالايلۇق، بۇ توغرۇلۇق **بودلي** مۇنداق دەيدۇ:
«خەدىجىنىڭ ياخشى كۆرۈپ ئۆيلەنگەن شەخسكە قارىتا مۇكەممەل ئىشەنچى، بۈگۈنكى كۈندە يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل خەلقلەر ئارىسىدىكى ھەر يەتتە كىشىدىن بىرسىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ مۇستەھكەملىشىدە تۇنجى قەدەمنىڭ پۇختا ئېتىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.»
رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىققان **مارگولىئۇتخ** (Margoliouth)، خەدىجە ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:
«مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) خەدىجىنىڭ ۋاپات قىلىشى بىلەن، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تۇنجى بولۇپ تولۇق تونۇپ يېتىپ تەستىقلىغان، ھەمىشە قەلبىگە ھۇزۇر، كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇشقا

تىرىشىدىغان، بىر ئۆمۈر مىسلىسىز سۆيگۈسى ۋە گويا ئانىلىق مېھرى — مۇھەببىتىنى ئاسرايدىغان ئايالدىن ئايرىلىپ قالغان.»

شۇنداق، مەزكۇر تارىخشۇناس قەيت قىلىپ ئۆتكىنىدەك، ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگىنىدە ئانىسىنىڭ مېھرى — شەپقىتىدىن مەھرۇم قالغان، ئانىنىڭ بۇ مېھرى — شەپقىتىنى سېغىنىش ئىلكىدە ھەسرەت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇنى، دەل خەدىچىدىن كۆرگەن، ئوچۇقراقى قانچە ۋاقىتتىن بېرى ئىزدەۋاتقان مېھرى - شەپقەتنى خەدىچەدىن تاپقاندى.

قىسقىسى، خەدىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەتەن تېپىلغۇسىز بىر ئايال ئىدى. خەدىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تارىختا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان سۆيگۈ، مېھرى — شەپقەت، كۆيۈمچانلىق، ۋاپادارلىق ۋە پىداكارلىق بېغىشلىغان. ئالايلۇق، زۆرۈر تېپىلغاندا پۇل — مېلىنى، نۆۋەتتە كەلگەندە جېنىنى پىدا قىلغان.

دەرۋەقە تارىختا ئۆتكەن ئاياللارغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، سۆيگۈ، مېھرى — شەپقەتتە، كۆيۈمچانلىقتا، ۋاپادارلىقتا ۋە جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇشتا خەدىچىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر ئايالنى ئۇچرىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى خەدىچە تاكى قىيامەتكە قەدەر، ھەر جەھەتتىن مۇسۇلمان ئاياللارغا ئۈلگە بولۇشقا لايىق ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالىيجاناب بىر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى، ئېسىل خىسلىتى ۋە تىللارغا داستان ئېپتىخارلىق نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ....